# 289116 ـ شجائەت ۋە باتۇرلۇقنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەخلاقلىنىدىغان ئامىللار

## سۇئال

ئىسلامدا باتۇرلۇق، شىجائەتلىك قانداق بولىدۇ؟، ئىنسان قانداق قىلسا باتۇر، شىجائەتلىك بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

خۇلاسە: باتۇرلۇق دېگەن: مۇسىبەت يەتكەندە دىلنىڭ مۇستەھكەم بولىشى، قورقۇنچلۇق ھالەتتە تەۋرەنمەسلىكىدىن ئىبارەتتۇر.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

باتۇرلۇق دېگەن لۇغەتتە: ئۇرۇشتا ۋە قىيىنچىلىقتا دىلىنىڭ مۇستەھكەم بولىشى، جۈرئەتلىك بولىشى، ئالغا ئىنتىلىشىدىن ئىبارەتتۇر.

ئاتالغۇدا: مۇسىبەت يەتكەندە دىلنىڭ مۇستەھكەم بولىشى، قورقۇنچلۇق ھالەتتە تەۋرەنمەسلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:"ئىنسانلاردىن كۆپچىلىكى باتۇرلۇق بىلەن كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىشتۇر، باتۇرلۇق دېگەن: ئۆزىنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولسىمۇ  مۇسىبەت يەتكەندە دىلنىڭ مۇستەھكەم بولىشىدۇر.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۈممەتنىڭ ئەڭ باتۇر كىشىسى ئېدى، ئۆمەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كۈچلۈك ئېدى، لېكىن ساھابىلارنىڭ ئارىسىدا، ئۇنىڭ دىلىنىڭ مۇستەھكەملىكى تاغلارمۇ تەۋرىنىپ كېتىدىغان نۇرغۇن ئورۇنلاردا ئالاھىدە ئاشكارا بولدى، ئۇ بولسىمۇ دىلنىڭ مۇستەھكەملىكىدۇر.
ساھابىلارنىڭ پەلۋانلىرىمۇ، باتۇرلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ساقلىناتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى مۇستەھكەم قىلىپ، باتۇرلۇققا ئۈندەيتتى. ["ئەل پۇرۇسىيە" 500-بەت].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: باتۇرلۇق دېگەن دىلدىن بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ قورنۇچلۇق ھالەتلەردە تەۋرەنمەي مۇستەھكەم تۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇ سەۋرچانلىق، ياخشى قاراشتىن پەيدا بولىدىغان بولۇپ، ھەر قاچان ئۇتۇق قازىنىشنى ئىشەنچ قىلسا، ئۇنىڭغا سەۋرچانلىقى ياردەم بەرسە مۇستەھكەم بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، قورقۇنچاقلىق، يامان قاراشتىن، سەۋرسىزلىكتىن پەيدا بولىدۇ، ئۇتۇق قازىنىشقا ئىشەنچ قىلمايدۇ، سەۋرسىزلىكى ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەيدۇ.

قورقۇنچاقلىق كۆڭلىنىڭ يامان ئىشلارنى ۋەسۋەسە قىلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ...". ["روھ" 236-بەت"].

ئىبنى ھەزمى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "باتۇرلۇقنىڭ بەلگىسى: دىن ئۈچۈن ۋە مۇقەددەساتلار ئۈچۈن، بېسىمغا ئۇچرىغان خوشنىلار ئۈچۈن، زۇلۇمغا ئۇچرىغان مەزلۇملار ئۈچۈن، مىللىنى ۋە يۈز ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن، باشقا ھەق يوللىرىغا قارشى تۇرغۇچىلار ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن بۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر".

بىز يۇقىرىدا زىكىر قىلغان كەمچىلىك بولسا: قورقۇنچاقلىق ۋە قورۇق ۋاقىراش.

ھاياتىنى دۇنيا ئۈچۈن تەقدىم قىلىش بولسا، قاراملىق ۋە ئەخمەقلىقتۇر. بۇنىڭدىن مەتۇ-گالۋاڭ بولغىنى: ئۆز ھاياتىنى ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان ھەق-ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتىمەسلىك ئۈچۈن تەقدىم قىلغان ئىنساندۇر". ["ئەخلاق ۋە سىيەر" 32-بەت].

ئۈچىنچى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ شىجائەتلىك، باتۇرى ئىدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ شىجائەتلىكى ئىدى،  بىر كېچىسى مەدىنە ئەھلى قاتتىق بىئارام بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە چىقتى، ئۇلارنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كۈتىۋالدى، خەۋەرنى ئىگەللەپ كەلگەن ئىكەن، ئەبۇ تەلھەنىڭ توقۇلمىغان ياۋاداق ئېتىگە مىنىپ ئاتنىڭ بويىنىغا قىلىچىنى قويۇپ كەلدى ۋە كىشىلەرگە: «قورۇقماڭلار، بىئارام بولماڭلار، ھېچ ئىش يوق»دېدى. [بۇخارى رىۋايىتى 2908-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2307-ھەدىس].

شىجائەتلىك ۋە باتۇرلۇقنىڭ يېتىلىشىدىكى ئاساسلىق ئامىللار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ ئۇنىڭدىن:

-ئىمانى قۇۋۋەت ۋە ئۇنىڭدا تەۋرەنمەسلىك.

-ئىسلام دۇنياسىدا ئۆتكەن شىجائەتلىك، باتۇر كىشىلەرنىڭ تارىخىغا نەزەر سېلىش.

-ھەقنى دېيىشكە ۋە ئاڭلىتىشقا جۈرئەتلىك بولۇش.

-مۇنكەرنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن چەكلەشتە جۈرئەتلىك بولۇش.

ـ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چېلىشتا يەڭگەن كۈچلۈك ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش باتۇرلۇقتۇر». [بۇخارى رىۋايىتى 6114-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى2609-ھەدىس].

ئىبنى ئەسىر "ئەننىھايە" 3-توم 23-بەتتە: باتۇر دېگەن: باشقىلارنى يېڭىۋالىدىغان ئۆزى يېڭىلمەيدىغان كىشى بولۇپ بۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتىۋالغان كىشىگە ئىشلىتىش دېگەن: ئىنسانىنىڭ نەپسى دېگەن ئۇنىڭ دۈشمىنى ۋە باشقىلاردىن كۈچلۈك بولىدۇ، ئاچچىقى كەلگەن نەپسىگە ئىگە بولغان كىشى ھەقىقى باتۇر ھېسابلىنىدۇ.

ـ شەرئى بۇيرۇقلارنى ئېھتىرام قىلىش، ئۇلۇغلاش.

ـ ئاللاھنىڭ چەكلىگەن ئىش، ئورۇنلارنى ئۇلۇغلاش، كاتتىلاش.

ـ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئورۇنلاردا ئالغا ئىلگىرلەش.

ـ زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىگە ياردەم بېرىش، ئۇنىڭدىن زۇلۇمنى يوق قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىش.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.